# زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ «ئۆزەك»نى كۈچەيتىش

تيانشان كۆزنىكى

□مۇخبىرىمىز لىيۇ يى

بىر تال ئۇرۇق ھەم زىرائەت ھاياتلىقىنىڭ باشلىنىشى، ھەم زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ئۇرۇقچىلىق زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر «ئۆزەك»كە ئوخشايدۇ، ئۇ ھەم تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، ھەم يادرولۇق رىقابەت كۈچىدۇر.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز تاۋار ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى، ئىككىنچى چوڭ كۆممىقوناق ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، ئۇرۇقچىلىق چوڭ رايوندىن ئۇرۇقچىلىق كۈچلۈك رايونغا ئايلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. مۇكەممەل ئۇرۇقچىلىق تەرەققىيات سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئۇرۇقچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشدا مۇھىمنىڭ مۇھىمى بولۇپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون زامانىۋى ئۇرۇقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، زامانىۋى ئۇرۇقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان بازار مۇھىتىنى پائال يارىتىپ، ئۇرۇقچىلىق تەرەققىياتىنىڭ تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈشتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات بىرلەشتۈرۈلگەن، يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش، كېڭەيتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئۇرۇقچىلىق تەرەققىيات تۈزۈلمىسى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇرۇقچىلىقىدا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىيات ئىشقا ئاشتى.

**■پەن تەتقىقات ئارقىلىق يېتەكلەش يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى يېتىشتۈرۈش**

6 - ئاينىڭ ئاخىرى، پەيزاۋات ناھىيەسى يېڭىمەھەللە يېزىسىدىكى بىر پارچە ئاپئاق شورلۇق يەردە كېۋەز مايسىلىرى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. يېڭىمەھەللە يېزىسىدا نۇرغۇن شورلۇق يەر بولۇپ، ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قالاق ھەم شورغا چىداملىق سورتلار كەمچىل بولغاچقا، بۇ يەرلەر ئاق قالغانىدى.

«بۇ كېۋەز مايسىلىرى بىز تاللاپ يېتىشتۈرگەن شورغا چىداملىق سورت، بىز پەيزاۋات ناھىيەسىنى مەۋقە قىلىپ، قەشقەر كېۋەز تېرىقچىلىقى ئېكولوگىيە رايونىغا يۈزلىنىپ قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىداملىق كېۋەز يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈردۇق، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان كېۋەز يېڭى سورتىنى تاللىدۇق ۋە ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتتۇق، بۇ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بولدى» دېدى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى كېۋەز تەتقىقات ئورنى پەيزاۋات ناھىيەسى سىناق بازىسىنىڭ مەسئۇلى كۇڭ دېيىي.

بۇ سىناق بازىسىنى جۇڭگو كېۋەز تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ جۇڭمىيەن ئۇرۇقچىلىق چەكلىك شىركىتى پەيزاۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ ئورتاق قۇرغان. پەن تەتقىقات خادىملىرى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى ياخشى بولۇش، كېۋەزلىكتە شورلۇق ئېغىر بولۇش، ناچار ھاۋا رايى كۆپ بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، يۇقىرى ھوسۇللۇق، شورغا چىداملىق سورتلارنى تاللاپ ھەم يۈرۈشلەشكەن ئۆستۈرۈش تېخنىكسىدا توپلاشتۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، يەرلىكنىڭ پاختا كەسپىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى.

كۇڭ دېيىي مۇنداق دېدى: جۇڭگو كېۋەز تەتقىقات ئورنىنىڭ مول پەن تەتقىقات كۈچىگە تايىنىپ، سىناق بازىسى يەنە يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداملىق، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە كېۋەز سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، كېۋەزنى يېشىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ماشىنىلاشقان ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈنۈۋېرسال ئۆستۈردۇق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كارخانىلارنى ئاساسىي گەۋدە، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تايانچ قىلغان بىرلەشمە ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئەندىزىسى ئاپتونوم رايون بويىچە كېڭەيتىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىق كۆپ مىقدارلىق زىرائەتلەرنىڭ سورتلۇق ئۇرۇق نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى، بىر تۈركۈم ئەلا سۈپەتلىك سورتلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، كېڭەيتىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچلۈك تىرەك بولدى.

يېقىندا، دۆلەت پاختا كەسپى ئىتتىپاقى، شىنجاڭ جۇڭمىيەن ئۇرۇقچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ سەنيۇ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى چەكلىك شىركىتى ۋە مارالبېشى ناھىيەلىك لياڭجۇڭ پاختا زاۋۇتى بىرلىكتە 200 مىڭ مو سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئىمزا قويغان تۆت تەرەپ ئەلا سۈپەتلىك سورتنى يادرو قىلىپ، ئۇرۇقچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق كۆپ ھالقىلاردىن باشلاپ قول سېلىپ، ئەلا سۈپەتلىك پاختىنى «يېپىق ئايلانما يۈرۈشتۈرۈش» زاكازلىق ئىشلەپچىقىرىش سېتىۋېلىش - سېتىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پاختا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشى ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى.

**■كارخانىلار يېتەكلەش تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى قوشۇش**

بۇ ئىككى يىلدا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەتىيازلىق كۆممىقوناقنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى نۇرغۇن كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، بۇ خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش ئەلا سۈپەتلىك كۆممىقوناق سورتىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قوللىنىشنىڭ پايدىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇرۇقچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كەسپىنى كۆڭۈل قويۇپ يۈرۈشتۈرگەنلىكىدىن بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى ئۇرۇقچىلىق باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى لەي بو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كارخانا يېڭى مەزگىلدىكى ئۇرۇقچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئۇرۇقچىلىق تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىنىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇرۇقچىلىقنىڭ تەرەققىيات سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىسى.

«بىز تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، كېڭەيتىش قاتارلىق كۆپ ھالقىلاردا ماس قەدەمدە كۈچەش ئارقىلىق، دېھقان ئائىللىرى، كارخانا، كەسىپتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپنىڭ ئورتاق پايدا ئېلىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇق.» شىنجاڭ خۇاشى ئۇرۇقچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ياڭ جۇنشەن مۇنداق دېدى: كارخانىلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى سېتىش، كېڭەيتىش ھالقىسىدىلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىغا چېتىلىدىغان بولۇپ، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش، كېڭەيتىش بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

«شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى رايونلار سۈپەتلىك ئۇرۇق بىلەن ياخشى ئۇسۇلنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەتىيازلىق كۆممىقوناق ھوسۇلىنى بەش يىل ئىلگىرىكىدىن تەخمىنەن 20% ئاشۇردى.» ياڭ جۇنشەن مۇنداق دېدى: كەسىپنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرۈشمۇ كارخانا تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى، ھازىر كارخانىنىڭ تەتقىق قىلىش، ئېچىش سېلىنمىسى ئىلگىرىكى تىجارەت سوممىسىنىڭ 3%دىن ئۆسۈپ 5%دىن كۆپرەككە يېتىپ، تەتقىق قىلىش - ئېچىش — كېڭەيتىش — كۆلەمنى كېڭەيتىش — تەتقىق قىلىش - ئېچىشتەك ياخشى ئايلىنىش شەكىللەندۈرۈلدى.

لەي بو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى مەمۇرىي تەستىق جەھەتتە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئۇرۇقچىلىق مەمۇرىي تەستىق ئىش بېجىرىش قوللانمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىجازىتىگە قارىتا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ماتېرىيالى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھالقىسىنى ئىخچاملاپ، توردا تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سالماقنى زورايتىپ ئۇرۇقچىلىقتا پەن - تېخنىكا بىلەن كارخانا ھەمكارلىقىنى قوللاپ، سۇپىنى ئورتاق قۇرۇپ، نەتىجىلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە نەتىجىنى ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇرۇقچىلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات ياراتتى.

**■دېھقانلار قاتنىشىش كەسىپ ئاساسىنى پۇختىلاش**

«مېنىڭ بۇغدىيىمنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بىرىنچى دەرىجىلىك بۇغداينىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىدىن 0.25 يۈەن يۇقىرى، يەنە زاكاز كاپالىتى بار، سېتىش يوللىرىدىن غەم قىلمايمەن.» يېڭىشەھەر ناھىيەسى باغچى يېزىسى تۇغچى كەنتىنىڭ ئاھالىسى ئايگۈل روزىنىڭ ئېيتىشىچە، كارخانا بىلەن دېھقانلار ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىش ئەندىزىسى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇغداي مو بېشى كىرىمى 1300 يۈەندىن ئېشىپ، ئادەتتىكى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىشتۇرغاندا مو بېشىدىن 230 يۈەن ئارتۇق كىرىم قىلغان.

ئايگۈل ئائىلىسىنىڭ بۇغدايدىن يۇقىرى پايدا ئېلىشى، بىرىنچىدىن، چۈنكى ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىشلەپچىقارغىنى ئۇرۇقلۇق بۇغداي بولۇپ، سۈپىتى ئادەتتىكى بۇغدايدىن خېلىلا يۇقىرى؛ ئىككىنچىدىن، چۈنكى ئۇ ئۇرۇقچىلىق كارخانىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش زاكاز توختامى ئىمزالىغان، كارخانا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، يەنە بازارنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسىدىن يۇقىرى كېلىشىم باھادا ئۇرۇقنى سېتىۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگەن.

ئايگۈل بىلەن توختام تۈزگەن شىنجاڭ جيۇفېڭخې ئۇرۇقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كارخانا بىلەن دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى بىرلەشتۈرۈلگەن قويۇق مېخانىزم ئورنىتىش ئارقىلىق، ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىدە 30 مىڭ مو بۇغداي ئۇرۇقى كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سورتلۇق ئۇرۇق كۆپەيتىش - يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى تەدرىجىي ئورناتتى.

«كارخانا بەرپا قىلغان بۇغداي ئۇرۇقى كۆپەيتىش بازىسىنىڭ مو بېشى ئوتتۇرىچە ھوسۇلى ئادەتتىكى ئۇرۇقلۇق ئېتىزنىڭ مو بېشى ھوسۇلىدىن تەخمىنەن 50 كىلوگىرام يۇقىرى بولۇپ، بۇغداي ئۇرۇقىنى كۆپەيتىدىغان ئائىلىلەرنىڭ مو بېشى كىرىمىنى 230 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.» جيۇفېڭخې شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە باش مۇدىرى چېن شياڭلۇڭ مۇنداق دېدى: ئۇرۇقچىلىق تەرەققىياتى كۆلەملەشكەن، ئۆلچەملەشكەن، كەسپلەشكەن ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش سىستېمىسى ۋە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن ئايرىلالمايدۇ، دېھقانلار بىلەن قويۇق مەنپەئەت ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلغاندا، كارخانا بىلەن دېھقانلارنىڭ يېرى، تېخنىكىسى، ئەمگەك كۈچى قاتارلىق بايلىقلارنى تولۇق بىرلەشتۈرۈپ، كەسىپ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كارخانا بىلەن دېھقانلارنىڭ تەڭ پايدا ئېلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان سورتلۇق ئۇرۇقنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى بازار نىسبىتى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، بۇ رايون يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشىنى تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

«كارخانا بىلەن دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بازا قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇرۇقچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاش نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئۇرۇقچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى.» لەي بو مۇنداق دېدى: بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايون 2 - تۈركۈمدىكى دۆلەتنىڭ رايون خاراكتېرلىك سورتلۇق ئۇرۇق كۆپەيتىش - يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇشنى پائال ئىلتىماس قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئۇرۇقچىلىق بازىسنى يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشنى ئالدىن قوللاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەتتىن ئىبارەت «تۆت بىر مىليون مو» ئۇرۇق بازىسى قۇرۇلۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرىدۇ، نىسپىي مەركەزلەشكەن، مۇقىم، بۆلۈنمىگەن ئۆلچەملەشكەن، تۈجۈپىلەشكەن، ماشىنىلاشقان ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسى ۋە زامانىۋى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش - پىششىقلاش مەركىزى قۇرۇپ، ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، سورتلۇق ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئۇرۇقچىلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ.

# شىنجاڭ تۆمۈريولى تىرانسپورت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يازلىق توشۇشتا يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلدى

مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**نىڭ جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، 62 كۈن داۋاملىشىدىغان شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يازلىق توشۇشى باشلانغان بولۇپ، 10 مىليون 180 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق يولۇچى توشۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1 مىليون 660 مىڭ ئادەم قېتىم ئېشىشى مۆلچەرلەنگەن. شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى تىرانسپورت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەتنى ئۆستۈرۈپ، يازلىق توشۇشتا يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

تەشكىللەش ئەلالاشتۇرۇلۇپ، توشۇش ئىقتىدارى كېڭەيتىلىدىكەن، تولۇقلىنىدىكەن. 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، شىنجاڭ تۆمۈريولى يىل ئىچىدىكى 9 - قېتىملىق پويىزلارنىڭ يۈرۈش خەرىتىسىنى تەڭشەشنى يولغا قويىدىكەن، شۇ چاغدا، بىر قىسىم پويىزلارنىڭ يۈرۈش ئۆچاستكىسى ئەلالاشتۇرۇلۇپ تەڭشىلىدىكەن، لەنجۇ - شىنجاڭ يولۇچىلار مەخسۇس لىنىيەسىدىكى ئوق پويىزنىڭ قېتىم سانى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن، ئەسلىدە بار بولغان 11.5 جۈپ ئوق پويىزنىڭ قاتنىشى توختىتىلىپ، يېڭىدىن 18.5 جۈپ ئوق پويىز كۆپەيتىلىدىكەن، ئوق پويىزنىڭ يۈرۈش ۋاقتى قىسقارتىلىپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 28 مىنۇت قىسقارتىلىدىكەن.

نۇقتىدىن نۇقتىغا رايون تىرانسپورت كۈچى ئاشۇرۇلىدىكەن. ياز مەزگىلىدە يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىش ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، شىنجاڭ تۆمۈريولى ئۈرۈمچى - قومۇل يۆنىلىشىدىكى ئوق پويىزلارنى چېتىپ ماڭدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. ئوق پويىزلار چېتىپ ماڭدۇرۇلغاندىن كېيىن، توشۇش ئىقتىدارى بىر ھەسسە ئېشىپ، يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىشى تېخىمۇ قولايلىشىدىكەن، تېزلىشىدىكەن. ئەسلىدىكى ھەر جۈمە، يەكشەنبە كۈنلىرى قاتنايدىغان ئۈرۈمچى — غۇلجا K9607/8 قېتىملىق ھەپتە ئاخىرىدىكى تېز پويىز ياز مەزگىلىدە ھەر كۈنى ياكى كۈن ئاتلاپ قاتناشقا ئۆزگەرتىلىدىكەن.

يازلىق توشۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى ئۈرۈمچىدىن شاڭخەيگە قاتنايدىغان ۋاقىتلىق يولۇچىلار پويىزىدىن تۆتنى ھەمدە ئۈرۈمچى، لوياڭدىن شاڭخەيگە قاتنايدىغان ۋاقىتلىق يولۇچىلار پويىزىدىن ئىككىنى كۆپەيتىپ، مەكتەپكە قايتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى توشۇشنى؛ چېڭدۇ، چۇڭچىڭ، ئەنكاڭدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان ۋاقىتلىق يولۇچىلار پويىزىدىن ئىككى جۈپنى كۆپەيتىپ، ئاساسلىقى شىنجاڭغا كېلىپ پاختا تېرىيدىغان ئىشلەمچى يولۇچىلار ئېقىمىنىڭ سەپەرگە چىقىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى پىلانلىغان. يۇقىرىقى ۋاقىتلىق يولۇچىلار پويىزلىرىنىڭ كونكرېت قاتناش ۋاقتى ئايرىم ئۇقتۇرۇش قىلىنىدىكەن.

يازلىق توشۇش مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى — قورغاس — بېيتۈن — ئۈرۈمچى «سائەت ئىسترېلكىسى» يۆنىلىشىدىكى Y951، Y956/7، Y954 قېتىملىق، ئۈرۈمچى — بېيتۈن — قورغاس — ئۈرۈمچى «سائەت ئىسترېلكىسغا قارشى» يۆنىلىشتىكى Y953، Y958/5، Y952 قېتىملىق «شىمالىي شىنجاڭنى ئايلىنىش» ساياھەت پويىزى ھەمدە ئۈرۈمچى — قەشقەر Y962/3، Y964/1 قېتىملىق «جەنۇبىي شىنجاڭنى راۋان ساياھەت قىلىش» ساياھەت پويىزى يەنىلا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان لايىھە بويىچە داۋاملىق قاتنايدىكەن.

يازلىق توشۇشتىكى يولۇچىلار ئېقىمىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى ھەرقايسى ۋوگزاللاردا ئادەملىك بېلەت سېتىش كۆزنىكى ۋە ئاپتوماتىك بېلەت سېتىش ماشىنىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ، پويىزلارنىڭ قېتىم سانى ۋە بېلەت ساتقۇچىلارنى مۇۋاپىق سەپلەپ، يۇقىرى پەللە مەزگىلدە بېلەت سېتىش كۆزنەكلىرىنى تولۇق ئېچىپ، بېلەت سېتىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، يولۇچىلارنىڭ بېلەت سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىدىكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ ھەرقانداق كۈچنىڭ تۈركىيەدە جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنلىكىنى تەرىپلەيدۇ، تۈركىيە تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىشنى قوللايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنلىكىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، تۈركىيە تەرەپ بىلەن خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش كېرەك. تۈركىيە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتىكى مۇھىم ھەمراھ، جۇڭگو تەرەپ تۈركىيە تەرەپ بىلەن بىللە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى بىلەن «ئوتتۇرا كارىدور» پىلانىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، سودا، سېلىنما، پەن - تېخنىكا، ئېنېرگىيە، ئۇل ئەسلىھە ھەم مۇھىم، زور تۈرلەر ھەمكارلىقنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تۈرلىرى ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانا ۋە خەلق ئاممىسىنى جۇڭگو - تۈركىيە ھەمكارلىقىدىن ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈشنى خالايدۇ. ئادەمىيەت ئالاقىسى ۋە ساياھەت ھەمكارلىقنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو - تۈركىيە دوستلۇقىنىڭ ئەلرايى ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نۆۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، جۇڭگو - تۈركىيە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان، خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغداپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەتنى ئورتاق بەرپا قىلىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ رايون ئىشلىرىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى ساقلاپ، ئالاقىدار قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئەردوغان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مىڭ يىللىق قەدىمىي يىپەك يولى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان تۈركىيە - جۇڭگو دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بۈگۈنكى كۈندە يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. قويۇق تۈركىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى رايون تىنچلىقى، گۈللىنىشىگە نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۈركىيە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچەيدۇ. تۈركىيە تەرەپ بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاھالىنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى داۋامىدا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقى ئەمەلىيەت، تۈركىيە تەرەپ ھەرقانداق كىشىنىڭ تۈركىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشىغا يول قويمايدۇ. تۈركىيە ئەسەبىزمگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. تۈركىيە - جۇڭگو ھەمكارلىقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، تۈركىيە تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى قەتئىي قوللايدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» رامكىسى ئىچىدە سودا، سېلىنما، پۇل مۇئامىلە، ئېنېرگىيە، ئاپتوموبىل ياسىمىچىلىقى، ئۇل ئەسلىھە، بەشىنچى ئەۋلاد كۆچمە خەۋەرلىشىش، ئاقىل شەھەر قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن تەتقىقات قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

سۆھبەتتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى مەيداندا ئەردوغان ئۈچۈن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ياڭ جيېچى، جى بىڭشۈەن، ۋاڭ يى، شيا باۋلۇڭ، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.